قۇسقۇي

# شىپالىق تائاملار دەستۇرى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

قۇسقۇي

# شىپالىق تائاملار دەستۇرى

ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم ساقىم



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

饮膳正要/忽思慧著;金世琳,越智猛夫日译;玛丽娅·沙克木维译.—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.6

ISBN 7-5372-4172-4

Ⅰ.饮… Ⅱ.①忽… ②金… ③越…④玛… Ⅲ.①食物养生—中国—古代—维吾尔语(中国少数民族语言) ②食物疗法—中国—古代—维语尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.R247.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第058386号

书　　名:饮膳正要
主　　编:忽思慧
翻　　译:玛丽娅·沙克木
责任编辑:帕塔尔·买合木提·土尔根
责任校对:热依汗·努尔
封面设计:米尔扎提·阿布都拉塔吉
出版发行:新疆人民卫生出版社
地　　址:新疆乌鲁木齐市龙泉街66号
印　　刷:新疆宏图印务有限责任公司
版　　次:2006年11月第一版 2006年11月第1次印刷
开　　本:850×1168毫米 1/32开本 9印张 插页4 142千字
书　　号:ISBN7-5372-4172-4
印　　数:1-3000 定价:14.80元

电　　话:(0991)2832440 邮编:830004

# شىپالىق تائاملار دەستۇرى

ئاپتورى: قۇسقۇي
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم ساقىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەتتار مەخمۇت تۇرگۇن
مەسئۇل كوررېكتور: رەيھان نۇر
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

* * *

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ
شىنجاڭ خۇڭتۇ مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
2006 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
850×1168 مم، 32 فورمات، 9 باسما تاۋاق، قىستۇرما ۋاراق 2، 142 مىڭ خەت

* * *

ISBN7—5372—4172—4
تىرازى: 3000 — 1
باھاسى: 14.80 يۈەن

---

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2832440 پوچتا نومۇرى: 830004

# نەشرىياتتىن

«شىپالىق تائاملار دەستۇرى» سەرلەۋھىلىك بۇ ئەسەر XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى يۈەن چىڭزۇڭ تېمۇر (مىلادى 1294 ~ 1307 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، يۈەن شۇندى — توقۇن تېمۇر يەنى ئۇلجايتۇ قاغان (مىلادى 1333 ~ 1368 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ساراي داستىخانچىسى، ئوزۇقشۇناس ۋە ئوردا تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى قۇسقۇي تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان ھەرقايسى دەۋرلەردە كۆپ قېتىم بېسىپ تارقىتىلغان بولۇپ، قۇسقۇي ۋە ئۇنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ھەققىدىكى بايانلار «يۈەن تارىخى — ئەدەبىيات-سەنئەت تەزكىرىسى»، «تېببىي ساقلانما كىتابلار كاتالوگى»، «ۋەنچۈەن قەسرىدىكى كىتابلار كاتالوگى»، «بەيچۈەن كىتابلار تەزكىرىسى» ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «تۆت خەزىنە قامۇسى» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ.

قولىمىزدىكى بۇ كىتاب ياپونىيە توكيو سېي كادو كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، 1993 ـ يىلى ياپونىيە ياساكا كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ياپونچە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. كىتابنىڭ خەنزۇچە نامى «药膳原典·饮膳正要» بولۇپ، شىنجاڭدىكى تارىخ ۋە تېبابەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىدا «تائام تەييارلاش دەستۇرى» دەپ ئېلىنغان. ۋاڭ يەندېنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىدە «خاننىڭ غىزالىنىشى توغرىسىدىكى رەسمىي خاتىرىلەر» دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاشتا مۇئەللىپ پەقەت تائاملارنى تەييارلاش ئۇستىدىلا قەلەم تەۋرىتىپ قالماستىن، تائاملارنىڭ تەبىئىتى، شىپالىق رولى، ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى ھەرخىل پەرھىزلەر، پەسىللەر بويىچە ئوزۇقلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى؛ ھايۋانات گۆشلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە شىپالىق رولى؛ ئاشلىق-زىرائەتلەر، مېۋە-چېۋىلەر، سەي - كۆكتاتلار، دورا-دەرمەكلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە شىپالىق روللىرى ئۈستىدە ئاساسلىق توختالغانلىقتىن «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

قۇسقۇينىڭ بىئوگرافىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلار ئانچە تولۇق ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ساراي داستىخانچىسى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. تەرجىمان بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي

تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2002- يىلى 3- سانىدا ئېلان قىلدۇرغان «ئاتاقلىق ئوزۇقشۇناس قۇسقۇي ۋە ئۇنىڭ ‹غىزايى داۋا نۇسخىلىرى›» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدە «قۇبلاي خان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى دەرياسى بويىغا بارغاندا، قۇسقۇينىڭ ئاتا - بوۋىسى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. قۇسقۇينىڭ بوۋىسى ھەربىي ئەمەلدار ۋە ئايماق ۋالىيسى بولغان. دادىسى ئوقۇتقۇچى، كېيىن مىرزا بېگى بولغان. قۇسقۇي بولسا كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، تىرىشچان، سۆزمەن بولۇپ، دەسلەپتە بۇددا راھىبلىرىدىن تەلىم ئالغان. كېيىن موڭغۇلچىنى ۋە خەنزۇچىنى پۇختا ئىگىلەپ، تېبابەتچىلىك ۋە ھەرخىل تائام تۈرلىرىنى تەييارلاش جەھەتتە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغان. قۇرامىغا يەتكەندە، دادىسى ئۇنى تۇرغاۋۇتلارنىڭ ئامبىلىغا تونۇشتۇرغان، ئەمما قۇسقۇي ئەسكەر بولۇش ۋە قورال تۇتۇشنى خالىمىغانلىقتىن، يەنىلا كىتاب ئوقۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساھەدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خانبالىقتا ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ساراي داستىخانچىسى، يەنى خان جەمەتىنىڭ غىزا - تائاملىرىنى تەييارلاش، تائام تۈزىنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى،

ئوزۇقشۇناس قۇسقۇي دىيارىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ھازىرلىغان.

بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمىدا ئىلمىيلىككە مۇخالىپ مەزمۇنلار بولمىسىمۇ، لېكىن كىتابنىڭ ھەرقايسى سۇلالىلەردە قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈلۈپ نەشر قىلىنىشى جەريانىدا بەزى رېئاللىقتىن چەتنىگەن، ئەپسانىۋى ۋە مۇبالىغە تۈسىنى ئالغان مەزمۇنلار قوشۇلۇپ قالغان ھەمدە يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان تونۇشلار مەۋجۇت. بىز بۇ جەھەتتە سەزگەن بەزى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئىزاھ بېرىشنى لايىق تاپتۇق:

1. ئىككىنچى جىلدنىڭ ئىككىنچى بابى «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ يېمەكلىكلىرى» دىكى «ئۆلمەس تېۋىتنىڭ چۈنيۈي مەلھىمى» دېگەن تېمىسىدا «... 27 ياشتىن بۇرۇن بۇ دورىنى بىر كۇرس ئىچىپ بەرسە، 360 ياشقىچە ياشىيالايدۇ، قىرىق بەش ياشتىن بۇرۇن ئىچىپ بەرسە، 240 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، 63 ياشتىن بۇرۇن ئىچىپ بەرسە، 120 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ ...»؛ «فۇلىڭنىڭ خاسىيىتى» دېگەن تېمىدا «باۋپۇزى ھەزرەت ئېيتىدۇلەركى، رېن جىزى فۇلىڭنى 18 يىل ئىستېمال قىپتىكەن، پەرىشتىگە ئەگىشىپ، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ

كۆرۈنمەي يۇرىدىغان، ... بوپتۇ. فۇلگنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە، جىن-ئالۋاستىلارنى ئىشقا سالىدىغان بولىدۇ. تۆت يىل ئىچسە، پەرىشتىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىزمىتىنى قىلىدۇ»؛ «شاقاقۇلنىڭ خاسىيىتى» دېگەن تېمىدا «... بىر دېدەك شاقاقۇلنى دائىم يەپ بېرىپ، بەدىنى يېنىكلەپ هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، قۇشلاردەك تاغ چوققىلىرىغا ئۇچىدىغان بوپتۇ...»؛ «شازاندىرانىڭ خاسىيىتى» دېگەن تېمىدا «باۋپۇزى هەزرەت ئېيتىدۇلەركى، 16 يىل شازاندىرانى ئىستېمال قىلسا، چىرايى قاشتېشىدەك سۈزۈك بولىدۇ. ئوتقا كىرسە كۆيمەيدۇ، سۇغا چۈشسە چۆكمەيدۇ» دېيىلگەن. مانا بۇ ئاز بىر قىسىم مەزمۇنلاردا باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، رېئاللىقتىن بەكلا چەتنەپ كەتكەن.

2. ئىسلام دىنىدا بىر قىسىم هايۋاناتلارنىڭ گۆشى هارام دەپ قارىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا، بولۇپمۇ كېسەلگە دورا ئورنىدا يېسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ كىتابتا بىرىنچى جىلدىنىڭ «ئېسىل تائاملار» مەزمۇنىدا: بۆرە گۆشى شورپىسى، قان ئۇيۇتمىسى، تۈلكە گۆشى شورپىسى، ئېشەك بېشى بوتقىسى، يولۋاس گۆشى، مولۇن گۆشى، چوشقا گۆشى، ئىت گۆشى قاتارلىقلار تائام تۈرى قاتارىدا بايان قىلىنغان. كىتابخانلىرىمىزنىڭ سەمىدە بولغايكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇسقۇي ياشىغان ماكان ۋە زامان

(ئەينى دەۋردە) ئىسلام ئېتىقادىدىن يىراقتا ئىدى. مۇئەللىپ بۇددا دىنىدا تەربىيەت ئالغان.

3. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا-دەرمەكلەر، يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئادەملەرنىڭ مىزاجىغا قارىتا خاسلىققا ئىگە ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى مەۋجۇت. دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىدا بۇ خىل تېببىي ئىلمىي نەزەرىيە بويىچە تەبىئەت ۋە مىزاجىغا دىئاگنوز قويۇپ، دورا بېرىپ، تېبابەت ساھەسىدە مۆجىزىلەرنىمۇ ياراتقان. لېكىن كىتابتا مىزاج ۋە تەبىئەت ھەققىدە ھازىرقى تونۇشقا ئوخشىمايدىغان قاراشلار مەۋجۇت. بىز نەشر قىلغان بۇ نۇسخا ياپونچە تەرجىمىسىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئەسلىي ئەسەردە مەۋجۇتمۇ؟ ھەرقايسى سۇلالىلەردە بېسىش جەريانىدا ئۆزگەرگەنمۇ ياكى ياپونچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى مەسىلىمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ.

4. ئەسلىي كىتابتا كىتاب مەزمۇنى بىلەن چېتىشلىقى يوق ھەم پايدىلىنىش قىممىتىمۇ بولمىغان بەزى قىستۇرما رەسىملەر بار بولۇپ، ئۇيغۇرچە نەشرىدە چىقىرىۋېتىلدى.

5. ئۈچىنچى جىلدقا مەخسۇس ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، دورا-دەرمەك، سەي-كۆكتاتلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى كىرگۈزۈلگەن. بىراق بىر قىسىم ھايۋاناتلارنىڭ سىزىلغان رەسىمى شۇ ھايۋاناتنىڭ ئۆزىگە

پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: قوچقار، ئېيىق، تۈلكە، كەركىدان قاتارلىقلار. بۇ مەسىلە رەسسامدىكى مەسىلىمۇ ياكى باشقا مەسىلىمۇ بىزگە نامەلۇم.

يۇقىرىدا ئىزاھ بېرىلگەن مەزمۇنلار بىز سەزگەن تىپىكرەك مەسىلىلەر بولسىمۇ، كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. بۇ بىر ئۇزاق تارىخقا ئىگە كلاسسىك تېببىي ئەسەر بولغاچقا، تارىخىي چەكلىمە ۋە كۆچۈرۈپ نەشر قىلغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ قوشۇلمىلىرىدىن خالىي ئەمەس. سەزگۈر ۋە ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىزنىڭ «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» پرىنسىپى بويىچە پايدىلىنىشىنى ۋە نەشر جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىمىز ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بىزدىن ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئوزۇقشۇناس ئوردا تېۋىپى قۇسقۇي 1330 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پادىشاھ ۋىنزۇڭ (بورجىگىن تۆك تىمۇر) غا سۇنغان «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» دېگەن بۇ كىتاب ياپونىيىدە ساقلانغان بولۇپ، 1993 - يىلى ياپونچە تەرجىمىسى ياپونىيە ياساكا كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1994 - يىلى مەن ياپونىيىدىن تەتقىقات - ئۆگىنىشلىرىمنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، ياپونىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى شەرقىي ئوكيان ئىلىم غەزىنىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام تەتقىقات بۆلۈمىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئۇمېمۇرا ئەپەندى بۇ كىتابنى كوپى قىلىپ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىدى.

بۇ كىتابنى، ئەينى دەۋردىكى ئوردا ئىشىك ئاغىسى، خانلىق شىپاخانا بېگى گېن چۈڭچەن بىلەن غەزىنە ئىشىك ئاغا بېگى جاڭ جىنجي ۋە ئەخلاق ئەركان مەھكىمە بېگى بەي جۇلار تۈزىتىپ، دانىشمەن ئۆلىما جاۋگوگۇڭ، چاڭ پۇلەنلەر تەھرىرلەپ، خەن لىڭجى ئەنگە ئالغان بولسىمۇ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاشكارا ئېلان قىلىنماي، ئوردا ئىچىدە مەخپىي ساقلانغان ئىكەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، پادىشاھ دەيزۇڭ بۇ كىتابنى كۆرگەن، مىڭ

سۇلالىسى يىلنامىسى جىلتەي 7 ـ يىلى (1456 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) پەرمان چۈشۈرۈپ، ئالدىنقى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ ئوردىسىدا ساقلانغان «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» تولىمۇ كاتتا ئەسەر ئىكەن، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، كەڭ تارقىتىش كېرەك، دەپ ئىلاۋە يېزىپ، ئوردا ئىچىدە قايتا باستۇرغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ كىتاب پادىشاھ ھۇزۇرىدىكى تۆت غەزىنە قامۇسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. گومىنداڭ دەۋرىدە «تۆت قىسىملىق مەجمۇئە توپلىمى» نىڭ داۋامى قىلىپ بېكىتىلگەن. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) جاڭ يۈەنجى ئەپەندى بۇ كىتابنى «بەيسۇڭ راۋىقىدا ساقلانغان كىتابلار» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن. مەشھۇر تەھرىرات ئۆلىماسى جاڭ يۈەنجى ئەپەندى 1928 ـ يىلى قىشتا ياپونىيە توكيو سېي كادو (静嘉堂 جىڭ جىيا تاڭ) كۇتۇپخانىسىدىن بۇ كىتابنى بايقاپ، ئارىيەتكە ئالغان (بۇ كۇتۇپخانىنى مىتسۇبىشى مالىيە كابىنېتىنىڭ يىۋا زاكى جانابلىرى قۇرغان، ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان كىتابلار بەك كۆپ ساقلانغان). «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» سەرلەۋھىلىك بۇ كىتاب «پادىشاھ دەيزۇڭنىڭ ئىلاۋىسى»، ئاندىن «دانىشمەن ئەۋلىيالار ئىلاۋىسى»، «قۇسقۇينىڭ تەقدىمنامىسى» دىن باشلىنىپ، مۇندەرىجە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ جىلد، ئاخىرىدا جاڭ يۈەنجى ئەپەندىنىڭ خاتىمە سۆزى بىلەن تاماملانغان.

يۈەن دەۋرى كالېندارىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (1330 - يىلى) «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» نىڭ دەسلەپكى باسما نۇسخىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، مەزكۇر كىتابنىڭ نامى «يۈەن تارىخى» (ئەدەبىيات سەنئەت تەزكىرىسى)، «تېببىي ساقلانما كىتابلار كاتالوگى»، «ۋەنجۈەن قەسرىدىكى كىتابلار كاتولوگى»، «بەيچۈەن كىتابلار تەزكىرىسى» ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «تۆت غەزىنە قامۇسى»، «نەغمە - ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»، «بەيسۇڭ قەسرىدە ساقلانغان كىتابلار تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ كىتاب خېلى بۇرۇنلا ياپونىيىگە تارالغان بولۇپ، ياپونچە «قەدىمىي نوم - كىتابلار تەزكىرىسى» دە يوشىدا ياسۇ ئەپەندى كۆچۈرگەن «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» نىڭ 3 - جىلد قولىيازما نۇسخىسى خاتىرىلەنگەن. جۇڭگونىڭ مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى نۇرغۇن قېتىم نەشر قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى جىڭ تەينىڭ 7 - يىلى (1456 - يىلى) پادىشاھ دەيزۇڭنىڭ بۇ كىتاب توغرىسىدا يازغان ئىلاۋىسىگە ئوردا مۆھرى بېسىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ كىتابنىڭ ئوردىدا بېسىلغان ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇرغۇن نۇسخىسى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا يوقاپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان باسما نۇسخىسى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باسما نۇسخىسى بىلەن 1924 - يىلىدىكى شاڭخەي خەنفېڭ باسما نۇسخىسى («تۆت چوڭ مەجمۇئە

توپلىمى» ) دىن ئىبارەت.

ياپونچە نەشرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر: جىن شىلىڭ 1919 - يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. ياپونىيە كيوتو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت پەنلىرى فاكولتېتى خىمىيە بۆلۈمىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولغان. جۇڭگو يېنىك سانائەت مىنىستىرلىقى سۈت يېمەكلىكلىرى تەتقىقات ئورنى، ئىچكى موڭغۇل يېنىك سانائەت پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، ئىچكى موڭغۇل يېنىك سانائەت پەن - تېخنىكا سۈت يېمەكلىكلىرى تەتقىقات ئورنىدا باش ئىنژېنېر، ئالىي ئىنژېنېر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرى: «سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش»، «سۈت مەھسۇلاتلىرى بىئوخىمىيىسى» قاتارلىقلار.

ئوچ تاكېئو ( 越智猛安 ) 1927 - يىلى ياپونىيە ئايچى ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. توكيو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك كەسپىنى تاماملىغان. يېزا ئىگىلىك پەنلىرى دوكتورى. توخوكۇ پاراۋانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى (1971 - يىلدىن). ئاساسلىق ئەسەرلىرى: «يېمەكلىكنىڭ مەنبەسى»، «يېمەكلىك ئىسلاھاتى»، «يېڭى تەبئىي پەنلەر بايانى» قاتارلىقلار.

بۇ كىتابنىڭ ياپونچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى «تۆت

چوڭ مەجمۇئە توپلىمى» دىكى نۇسخا ئاساسىدا «تۆت چوڭ مەجمۇئە توپلىمى» تەھرىراتىنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» (ۋاڭ يۈنۋۇ باش مۇھەررىرلىكىدىكى تەيۋەن سودا باسمىسى كىتابخانىسى 1978 - يىل) دىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن. «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ھەققىدە تەرجىمان ئوچ تاكېئو ئەپەندى مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ: [بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» نىڭ خەۋىرىنى بىلگىنىمدە، ياپونىيىلىكلەر ئۇنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ئويلاشمىغان ئىدى. 1982 - يىلى جىن شىلىڭ ئەپەندى ياپونىيىنى زىيارەت قىلغاندا، ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا لېكسىيە سۆزلىگەن ۋە «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ھەققىدە سۆزمۇ قىلغان. جىن شىلىڭ ئەپەندى ياش ۋاقتىدا ياپونىيە كيوتو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سانائەت پەنلىرى فاكولتېتى خىمىيە بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرغان ئىكەن. 1980 - يىلى مەن جۇڭگونى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چىڭگىلتاي ئەپەندىدىن، ئۇنىڭ جۇڭگو سوت مەھسۇلاتلىرى ساھەسىدىكى بىرىنچى شەخس ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان چېغىمدا تۇنجى قېتىم جىن شىلىڭ ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولغان ئىدى. ئۇ كىشى موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، موڭغۇلچە، خەنزۇچە، ياپونچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە تىللارنى، ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا تىللىرىنىمۇ بىلىدىكەن. «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»

نىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە جىن شىلىڭ ئەپەندىدىن باشقا مۇۋاپىق ئادەم يوقلۇقىنى ئويلاپ، بۇ ئەپەندىنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. 1982 - يىلىدىن باشلاپ ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ياپونىيىلىك تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن سوغا بولسۇن دەپ، تەخمىنەن سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەرجىمە ئورىگىنالىنى تەييارلىدىم.]

«شىپالىق تائاملار دەستۇرى» نىڭ ئەينى زاماندىكى نەشرىدە، قۇسقۇيىنىڭ مىللىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭدىكى تارىخ ۋە تېبابەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىدە قۇسقۇيىنى ئۇيغۇر دەپ قەيت قىلىنغان، 2005 - يىل 9 - ئايدا شاڭخەي پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو تېبابەت قامۇسى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قىسمى» دا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا تېۋىپى قۇسقۇي ئۇيغۇر» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. قايسى بىر نەشرىدە قۇسقۇيىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل تېۋىپى دەپ ئۆتكەن ئىكەن. «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىمۇ قۇسقۇيىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئوردا تېۋىپى ئىكەنلىكىلا يېزىلغان.

ياپونچە تەرجىمىسىنىڭ خاتىمە سۆزىدە: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» دا «غەربنىڭ ئىچىملىكلىرى» دىن باشقا «( 回回 ) خۇي خۇي يېمەكلىكلىرى» ۋە «ئۇيغۇر تائاملىرى» مۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا خۇي خۇي ( 回回 )



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com